# مۇھەررەم ئېيىدا نەپلە روزا تۇتۇشنىڭ پەزىلىتى

[ الأويغورية - ئۇيغۇرچە - uyghur ]


پەزىلەتلىك شەيخ مۇھەممەد سالىھ ئەلمۇنەججىد

تەرجىمە قىلغۇچى: مۇنەۋۋەر بىنتى نېئمەتۇللاھ

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: نىزامىددىن تەمكىنى



نەشىر ھوقۇقى مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ

2012 - 1434

IslamHouse.com

# فضل الإكثار من صيام النافلة في شهر محرّم

« باللغة الأويغورية »

فضيلة الشيخ محمد صالح المنجد

ترجمة: منورة بنت نعمة الله

مراجعة: ن. تمكيني

حقوق الطبع والنشر لكل مسلم

2012 - 1434

IslamHouse.com

# مۇھەررەم ئېيىدا نەپلە روزا تۇتۇشنىڭ پەزىلىتى

٢١٣١١ - نومۇرلۇق سوئال

سوئال:

مۇھەررەم ئېيىدا نەپلە روزىنى كۆپ تۇتۇش پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتىدىنمۇ؟ بۇ ئاي باشقا ئايلاردىن پەزىلەتتە پەرقلىقمۇ؟ بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

بارلىق ھەمدۇ-سانا جانابى ئاللاھقا خاستۇر.

جاۋاب:

مۇھەررەم ئېيى بولسا ئەرەب ئايلىرىنىڭ تۇنجىسى ۋە ئاللاھ تائالا ھارام قىلغان تۆت ئاينىڭ بىرىدۇر.ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ عِدَّةَ الشُّهُورِ عِندَ اللَّـهِ اثْنَا عَشَرَ شَهْرًا فِي كِتَابِ اللَّـهِ يَوْمَ خَلَقَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ مِنْهَا أَرْبَعَةٌ حُرُمٌ ۚ ذَٰلِكَ الدِّينُ الْقَيِّمُ فَلَا تَظْلِمُوا فِيهِنَّ أَنفُسَكُمْ وَقَاتِلُوا الْمُشْرِكِينَ كَافَّةً كَمَا يُقَاتِلُونَكُمْ كَافَّةً وَاعْلَمُوا أَنَّ اللَّـهَ مَعَ الْمُتَّقِينَ﴾ تەرجىمىسى: «شۈبھىسىزكى، ئاسمان ۋە زېمىن يارىتىلغاندىن تارتىپ (قەمەرى) ئايلارنىڭ سانى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا (يەنى لەۋھۇلمەھپۇزدا) 12 دۇر، ئۇلاردىن تۆتى (يەنى زۇلقەئدە، زۇلھەججە، مۇھەررەم، رەجەپ) ئۇرۇش قىلىش ھارام قىلىنغان ئايلاردۇر، بۇ توغرا دىندۇر (يەنى مەزكۇر تۆت ئايدا ئۇرۇشنىڭ ھارام قىلىنىشى ئاللاھنىڭ توغرا دىنىدۇر)، بۇ ئايلاردا (ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىماسلىق بىلەن، ئاللاھ چەكلىگەن

گۇناھ ئىشلارنى قىلىش بىلەن) ئۆزۈڭلارغا زىيان سالماڭلار». [سۈرە تەۋبە 36- ئايەت ].

ئەبى بەكرەتە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئاللاھ تائالا ئاسمان ۋە زېمىننى ياراتقان كۈنى، ۋاقىتنى بىر يىل ئون ئىككى ئاي، ئۇنىڭدىن تۆت ئاينى ھارام قىلىپ، ئۇچىنى ئارقىمۇ-ئارقا (يەنى زۇلقەئدە، زۇلھەججە ۋە مۇھەررەم ئايلىرى) يەنە بىرسىنى جۇمادى ۋە شەئبان ئايلىرى ئارىسىدىكى رەجەب ئېيى قىلىپ بېكىتكەندىن تارتىپ ۋاقىت ئۆز ھالىتىدە ئايلىنىدۇ.» [بۇخارى 3167-ھەدىستە، مۇسلىم 1163-ھەدىستە رىۋايەت قىلغان ].

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە نىسبەت بېرىلگەن بىر ھەدىستە، رامىزان روزىسىدىن قالسىلا، مۇھەررەم ئېيىدا تۇتۇلغان روزىنىڭ پەزىلىتىنىڭ ئارتۇقلىقى تەكىتلىنىدۇ.

بۇ ھەقتە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «روزىنىڭ ئەۋزىلى رامىزان روزىسىدىن قالسىلا، ئاللاھنىڭ ئېيى مۇھەررەمدە تۇتۇلغان روزا، نامازنىڭ ئەۋزىلى پەرز نامازدىن قالسىلا، كېچىدە ئوقۇلغان نامازدۇر.» [مۇسلىم 1163- نومۇرلۇق ھەدىستە رىۋايەت قىلغان ].

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئاللاھنىڭ ئېيى» دەپ، ئاينى ئاللاھقا نىسبەت بەرگىنى بولسا، مەزكۇر

ئاينىڭ پەزىلىتى ۋە ئۇلۇغلىقىدىندۇر. بۇ سۆزگە قارى ئىلاۋە قىلىپ: " بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلغىنى بارلىق هارام قىلىنغان ئايلار" دەيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ رامىزاندىن باشقا ئايلاردا ئۇزۇلدۇرمەي تولۇق بىرئاي روزا تۇتقىنى مەلۇم ئەمەس، يۇقىرىقى ھەدىس بولسا، مۇھەررەم ئېيىدا تولۇق بىر ئاي روزا تۇتۇشقا ئەمەس بەلكى نەپلە روزىنى كۆپ تۇتۇشقا رىغبەتلەندۇرىدىغانلىقىغا دالالەت قىلىدۇ.

ھەممىدىن توغرىسىنى ئاللاھ بىلگۈچىدۇر.